# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 5 ـ بەتتە)

ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايمىز. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ـ سەنئەت نادىر ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولىمىز، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

11) **ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرىمىز.** ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلەپ، ئېكولوگىيەنى قوغداشتىكى ئەڭ قاتتىق تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى يۇقىرى پەللىدىن تۆۋەنلىتىش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال پىلانلاپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىمىز. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قۇم تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، ئاتموسفېرا، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ۋە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىش خەۋپىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، بۇلغىمنى ئازايتىش، كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ماس ئۈنۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرى تېخىمۇ يېشىل، سۇلىرى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى خەلق تۇرمۇشىغا ئەڭ ئومۇميۈزلۈك نەپ يەتكۈزىدىغان بەخت ـ سائادەتكە ئايلاندۇرىمىز.

12) **خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرىمىز.** خەلقنى مەركەز قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، ياخشىلاشقا ئىشلىتىمىز، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئەمىن ئۆي بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش، ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش، مۇقىملىق ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق «ئون تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى چوڭقۇر يولغا قويىمىز، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى سىجىل ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، ياخشى قوغدايمىز، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

13) **شىنجاڭنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرىمىز.** سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا ئاساسلىنىدىغان، ئىشقا يولۇققاندا قانۇننى تەتبىقلايدىغان، مەسىلە ھەل قىلىشتا قانۇندىن پايدىلىنىدىغان، زىددىيەتنى پەسەيتىشتە قانۇنغا تايىنىدىغان ياخشى قانۇنچىللىق كەيپىياتىنى يارىتىمىز. بىر قولدا زوراۋان تېررورچىلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشتە، يەنە بىر قولدا كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، مۇجەسسەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىش، ئىنچىكىلىشىش، دائىملىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۈنۈملۈك يېڭىلىق يارىتىپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىمىز، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش خىزمىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىمىز، سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيەتنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

14) **شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.** شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا مايىللاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا مايىللاشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مايىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتىمىز، شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭغا پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلدۇرىمىز.

15) **بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاپ، بىڭتۈەننىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىمىز.** «بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىمىز، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى قوللايمىز، بىڭتۈەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللايمىز، بىڭتۈەننىڭ مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىنى قوللايمىز، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئەۋزەللىكتە ئۆزئارا تولۇقلاش، ئەسلىھەلەرنى ئورتاق قۇرۇش، بايلىقتىن ئورتاق پايدىلىنىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۈەننى باشتىن ـ ئاخىر چېگرا رايوننى تىنچلاندۇرۇش، چېگرانى مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچقا، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى چوڭ پېچقا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك رايونغا ئايلاندۇرىمىز.

شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. 14 ـ بەش يىللىق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىنتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان پروگراممىسىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى چوقۇم ئۆز قەرەلىدە تاماملاپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا چوقۇم يېتەلەيمىز!

### 3. 2021 ـ يىللىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان يىل، 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان باشلىنىدىغان يىل، بۇ يىلقى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

**2021 ـ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى:** شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ 3 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى ئاساسىي تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىر تۇتاش پىلانلاپ، داۋاملىق تۈردە «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا يۈرۈشىنى ئىزچىل ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بولۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، 14 ـ بەش يىلنى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش.

**2021 ـ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق كۆزلىمە نىشانى:** رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5%، 6.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمىنى 6% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئاھالە ئىستېمال باھاسى كۆرسەتكۈچىنى 3% ئەتراپىدا ساقلاش، شەھەر ـ بازاردا تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئىچىدە تىزگىنلەش، بىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 3% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش.

يۇقىرىقى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئومۇمىيەتنى كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، تۆۋەندىكى 12 جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتىمىز:

1) **يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىمىز**

ئىجادىي تەرەققىياتنىڭ جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرىمىز. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى ۋە ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگىلىك رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كاربون ئاساسىدىكى ئېنېرگىيە بايلىقى خىمىيەسى ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش دۆلەت نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز، يېڭى ماتېرىيال، خىمىيە سانائىتى دۆلەت دەرىجىلىك ياسىمچىلىق يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنى پائال بەرپا قىلىمىز، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ئۈلگىلىك رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز. شىنجاڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەيمىز.

كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. كارخانىلارنىڭ يېتەكچى كەسىپ تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش، يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات مەخسۇس مەبلىغىنى تەسىس قىلىمىز، ئورتاق تېخنىكا سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭى تىپتىكى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىمىز، يېڭى ماتېرىيال، يۇقىرى تېخنىكىلىق جابدۇق، يېڭى ئېنېرگىيە، بىيوتېببىي دورا، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھەلەردە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى يولغا قويىمىز، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى كارخانىلار، چوڭ، ئوتتۇرا ھال، كىچىك كارخانىلارنىڭ يۇغۇرۇلۇپ يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق رايوننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويىمىز. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئىختىساسلىقلار پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كەسىپلەردە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىختىساسلىقلارنى بىرىكتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىمىز، مۇھىم، چوڭ تۈرلەر، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، «ئىقتىدارلىقلار باشلامچى بولۇش»نى يولغا قويۇش ئۇسۇلىدا ئىزدىنىپ، پەن ـ تېخنىكا باشلامچىلىرى، تايانچ ئىختىساسلىقلار، مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى كۈچەپ بەرپا قىلىمىز. يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، سۈپىتى، ئەمەلىي ئۈنۈمى، تۆھپىسىنى يېتەكچى قىلغان پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى باھالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز، يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىم، تېخنىكا قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلىدىغان پايدا تەقسىملەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىمىز.

2) **ئۆزگىچە ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز**

1 ـ كەسىپتە سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش، 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، 3 ـ كەسىپتە زور تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز، نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر كۈچى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، باغۋەنچىلىك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، نان، ئۈزۈم ھارىقى، ساياھەت قاتارلىق «ئون چوڭ كەسىپ»نى نۇقتىلىق ياخشى تۇتىمىز، كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇرۇش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ ئاساسىي دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىمىز.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز. ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، خاسلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى 33 مىليون مودىن چۈشۈرمەيمىز، تېرىلغۇ يەرنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشنى قەتئىي توسۇپ، ئاشلىق تېرىقچىلىقىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. جايلىشىشنى ئەلالاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ھوسۇلنى مۇقىملاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پاختىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنىڭ سورتلۇق پاختا، پاختا يىپ بازىسىنى قۇرىمىز. باغۋەنچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە داڭلىق ماركا قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، ئېسىل، ئۆزگىچە مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرىمىز، باغۋەنچىلىكتىكى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، بازارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، رايون خاراكتېرلىك بىر تۈركۈم توپلاش ـ تارقىتىش بازىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىككى سېتىش تورىنى كېڭەيتىمىز. چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، يەم ـ خەشەك، نەسىل، كېڭەيتىش، كۆپەيتىش، بېقىش، سويۇش، پىششىقلاش پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىمىز. ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، يەم خەشەك ۋە قىزىلچا قاتارلىق ئۆزگىچە زىرائەت ئەلا سورت بايلىقىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى ئۇرۇقچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش باشلامچى كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، پىششىقلاش، سېتىش ئەشيا ئوبوروت بازىسى قۇرىمىز، بىر تۈركۈم يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يۆلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.

سانائەتنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ زور تېخنىكا ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر كۈچى، سىلىتسىي، رەڭلىك مېتال قاتارلىق بايلىق كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى پۇختا تەرەققىي قىلدۇرىمىز، «ئۈچ بازا، بىر ئۆتۈشمە يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، سىلىتسىي، ئاليۇمىن، مىس، ماگنىي قاتارلىق ئۇل كەسىپلەرنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق ئەۋزەل قېزىلما بايلىقلارنى چارلاپ ئېچىش، پىششىقلاپ پايدىلىنىشنى تېزلىتىمىز. «ئون چوڭ كەسىپ»نى چۆرىدەپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىلىق سانائەت تۈر ئامبىرى قۇرۇپ، سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا مەدەت بېرىمىز، بىر تۈركۈملىرىنى قۇرۇشقا، بىر تۈركۈملىرىدە ئىش باشلاشقا، بىر تۈركۈملىرىنى زاپاس ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. يەنجىڭ ئاپتوموبىل يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىق پەن ـ تېخنىكا كەسىپلەر رايونى تۈرى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى تارىم نېفىتلىكى 600 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن تۈرى، قورغاس سەنيۇفۇشىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كەسىپ زەنجىرى تۈرى قاتارلىق نۇقتىلىق داۋاملاشما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىمىز، خېڭدا يېڭى ئېنېرگىيەلىك دىنامىكلىق باتارېيە تۈرى، شىياڭشىڭ شىركىتىنىڭ يىلىغا 30 مىڭ توننىلىق يۇقىرى ئىقتىدارلىق تىتان ۋە تىتان قېتىشمىسى يېڭى ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق يېڭى تۈرلەردە تېزدىن ئىش باشلايمىز، دۆلەتنىڭ ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، ئۆزگىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى زورايتىمىز، كۈچەيتىمىز، ئاياغ، باش كىيىم، ئويۇنچۇق، كەيمە چاچ، چامادان، سومكا، خۇرۇم بۇيۇم قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، داڭلىق ماركا، كۆلەم، ئەۋزەللىك شەكىللەندۈرىمىز. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئىلغار جابدۇق ياسىمچىلىقى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، ھىدروگېن ئېنېرگىيەسى، بىيوتېببىي دورا، ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىت ئاسراش، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل قاتارلىق كەسىپلەرنى تېز زورايتىمىز. رەقەملىك ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «تيانشان بۇلۇت جىلغىسى» قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىدىغان مۇلازىمەتنى ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ساياھەتچىلىكنى باشلامچى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىك ۋە تۇرمۇش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇلازىمەتچىلىك قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرىمىز. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويىمىز، مەۋقەنى يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قويۇپ، ساياھەت بازىرىنىڭ مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرىمىز، سەرخىل ساياھەت لىنىيەلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزگىچە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، ساياھەت ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت بازىرى تىجارىتىنى كېڭەيتىپ، «ساياھەت +» ۋە «+ ساياھەت»كە تۈرتكە بولۇپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن مەدەنىيەت ـ ساياھەت يۇغۇرۇلغان داڭلىق ماركىنى بەرپا قىلىپ، 200 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىشقا تىرىشىمىز. سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا، پۇل مۇئامىلىسى مۇلازىمىتى، ئۇچۇر ئالاقىسى ۋە يۇمشاق ماتېرىيال، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىكنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئىلغار ياسىمچىلىق، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىمىز. ئەنئەنىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلاملىق، ياشانغانلارنى كۈتۈش، گۆدەكلەرنى بېقىش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ئائىلە مۇلازىمىتى، مەھەللە، خوجىلىق باشقۇرۇش قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەتچىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

3) **ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، سېلىنما ۋە ئىستېمالنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىمىز**

ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كۈچەپ زورايتىمىز. مۇھىم «كۆزنەك قەرەلى»نى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئۇسۇلى، بازارلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈر ئارقىلىق يېتەكلەش، مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھەمتۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىمىز، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىنمىسى يېتەكلەپ، ئىجتىمائىي كاپىتالنى ئۇل ئەسلىھە ساھەسىگە پىشاڭ قىلىپ، بازار يېتەكچى بولىدىغان مەبلەغ ئىچكى ئېشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىمىز. «بىر تۈركۈملىرىدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈملىرىنى زاپاس ساقلاش، بىر تۈركۈملىرىنى پىلانلاش» تەلىپى بويىچە، تۈر ئامبىرىنى قۇرىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز، تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، داۋاملىشىدىغان، يېڭىدىن يولغا قويىدىغان ۋە زاپاس ساقلايدىغان تۈرلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىمىز. قاتناش، ئېنېرگىيە، سۇچىلىق، ئېلېكتر كۈچى، خەۋەرلىشىش، شەھەر ـ بازار ئۇل ئەسلىھەلىرى قاتارلىق مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنى نۇقتىلىق ئاشۇرىمىز. غۇلجا ـ ئاقسۇ تۆمۈريولى، جىڭ ـ ئالاتاۋ تۆمۈريولى، G218 نارات ـ بالغۇنتاي تاشيولى ۋە شەرقىي جۇڭغار (گۆجۈڭ)، بايىنبۇلاق، باركۆل ئايرودرومى قاتارلىق تۈرلەردە ئىش باشلايمىز، G7 چىنارغول ـ باركۆل ـ مورى بۆلىكىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، S20 ۋۇگۇڭتەي ـ قاراماي يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى، ئاقسۇ ـ ئارال تۆمۈر يولىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشىغا تۈرتكە بولىمىز. يۇرۇڭقاش، چوڭ جىلغا، چوڭسۇلاغ، قورغان قاتارلىق بىر تۈركۈم سۇچىلىق تۈگۈنى، سۇچىلىق تايانچ قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىمىز، ئويبېڭىز سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە سۇ ئامبىرى تۈردە كەينى ـ كەينىدىن ئىش باشلاشنى ئالغا سىلجىتىمىز. ھەر دەرىجىلىك توك بېسىم تورى جازىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» 3 ـ لىنىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز، فۇكاڭ 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتلىق، قۇمۇل 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتلىق سۇ تارتىپ ئېنېرگىيە يىغىش ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇرىمىز. يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىمىز، 5G تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، 5G، توپلاشتۇرۇلغان توك يولى، يۇمشاق ماتېرىيال، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش، سۈنئىي ئەقىل قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىشنى ئالغا سىلجىتىمىز. يەرلىك ھۆكۈمەت

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)